## 10547 ـ قەبرە ئازابى ۋە ئۇنىڭ نىئمەتلىرى راست بولۇپ ، بەدەن ۋە روھنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە بولىدۇ

### سۇئال

مىنىڭ بىر غەلىتە سۇئالىم بار . مىنىڭ ئەقىدەم – ئادەم ئۆلسە ئۇ ئاڭلىمايدۇ ، شۇڭىڭدەك ئۇنىڭ جەسىدى ئىشلىتىلمەيدىغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ . لېكىن ھەدىيسكە ئاساسلانغاندا ، قەبرىدە ئازاپ بار ، بۇ جەسەد يەنىلا ھايات دىگەننى ئۇقتۇرامدۇ ؟ ۋە شۇڭىڭدەك ، قۇرئاندا شەھىدلەرنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقى كەلگەن . ۋە يەنە مۇسلىمنىڭ بىر ھەدىيسىدە پەيغەمبەرنىڭ ئەبۇ جەھىل ، ئۇمەييە ۋە باشقىلارنىڭ جەستىنى چاقىرغانلىقى ، ھەمدە ئۇمەرنىڭ ئۇنىڭدىن : " ئۆلۈكلەر سۆزۈڭنى قانداق ئاڭلىيالايدۇ ؟" دەپ سورىغاندا ، پەيغەمبەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئاڭلىيالايدۇ ، لېكىن جاۋاپ قايتۇرالمايدۇ دەپ جاۋاپ بەرگەنلىكى قەيت قىلىنغان . ھۆرمەت بىلەن سۇئالىمغا تەپسىلي جاۋاپ بەرسەڭلار .

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن

1– سۇئالدا تىلغا ئېلىنغان ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىكلەرنىڭ ھىچقانداق سۆزىنى ئاڭلىيالمايدىغانلىقى – ھەقىيقەت ۋە راست . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : ئىراق سەن قەبرىلەردىكىلەرگە ئاڭلىتالمايسەن . [ فاتىر ( ياراتقۇچى ) : 22 ]
شۇڭا جەزمەنكى ، سەن ئۆلۈكلەرگە ئاڭلىتالمايسەن . [ رۇم : 52 ]

2– ئەھلۇ سۈننەت ۋە جامائەتنىڭ ئېتىقادىنىڭ بىرى بولسا قەبرىدە ئازاپ ۋە قىيناش بار ھەمدە بەرزەختە ( ئۆلۈم بىلەن قىيامەت ئارىسىدىكى مەزگىل) ياشاش بار ۋە شۇڭىڭدەك ئۆلگۈچىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن نىئمەت ۋە راھەت بار . ئۇنىڭ دەلىلى : ئاللاھنىڭ فىرئەۋن خەلقى ھەققىدىكى مۇنۇ سۆزى : « ظنلار ظةتعضعنعـ ظاخشعمع ظوتقا توغرعلعنعص تذرعدذ، قعيامةت قايعم بولغان كىنىدة: ظع صعرظةۋن جاماظةسع! ظازابنعث ظةث قاتتعقعغا (دوزاخ ظوتعغا) كعرعثلار! » [ غافىر( كەچۈرگۈچى) : 46 ]
ئاللاھ بۇ يەردە بايان قىلىدۇكى، پىرئەۋن خەلقى گەرچە ئۆلۈك بولسىمۇ ، ئەتىگەن ۋە كەچتە ئازاپقا تۇتىلىدۇ . بۇ ئايەتتىن ئالىملار قەبرىدىكى ئازاپنىڭ ھەقىقىلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈردى .
ئىبنۇ كەسىير مۇنداق دىگەن :
بۇ ئايەت ئەھلۇ سۈننەتنىڭ قەبرىلەردىكى بەرزەخ ئازابىغا دەلىل قىلىشقا چوڭ ئاساس . ئۇ بولسا ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزى : ئوت، ئەتتىگەن ۋە كەچتە ئۇلار ئۇنىڭغا تۇتىلىدۇ .
[ ئىبنۇ كەسىير تەپسىرى ، 4 82 ]
پەيغەمبەرنىڭ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ئايالى ئائىشەنىڭ ھەدىيسىدە ، ئاللاھ ئەلچىسى ( ئاللاھنىڭ

تەرپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن)نامىزىدا مۇنداق دۇئا قىلغانىدى: ئى ئاللاھ ، سىنىڭدىن قەبرە ئازابىغا پاناھلىق تىلەيمەن . دەججالنىڭ پىتنىسىگە سىنىڭدىن پاناھلىق تىلەيمەن . ھايات ۋە ئۆلۈمنىڭ سىناقلىرىغا سىنىڭدىن پاناھلىق تىلەيمەن . ئى ئاللاھ ، گۇناھ ۋە قەرزگە سىنىڭدىن پاناھلىق تىلەيمەن . [ ئۇنى بۇخارىي ( 798) ، مۇسلىم ( 589) نەقىل قىلغان .]

بۇ ھەدىيستىكى مۇناسىۋەتلىك نۇقتا : پەيغەمبەرنىڭ ( ئاللاھنىڭ تەرپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) قەبرە ئازابىغا پاناھلىق تىلەيدىغانلىقى بولۇپ ، بۇ قەبرە ئازابىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرنىڭ بىرى . مۇئتەزىلە ۋە باشقا بىر قىسىم مەزھەپلەردىن باشق اھىچكىم قەبرە ئازابىنىڭ بارلىقى ھەققىدە ئىختىلاپلاشمىدى ، ئۇلارنىڭ ئىختىلاپى دىققەت قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ .

3- پەيغەمبەرنىڭ ( ئاللاھنىڭ تەرپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) بەدرى جىڭى كۈنىدە مۇشرىكلارنىڭ جەسەدلىرىنى چاقىرغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىيسكە كەلسەك ، بۇ ئالاھىدە ئەھۋال دەپ چۈشىنىلىدۇ . يەنى ئاللاھ ئۇلارنى پەيغەمبىرىگە ( ئاللاھنىڭ تەرپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ئۇلارنى رەسۋا قىلىش ، ئۇلارغا خارلىق ۋە پەسلىكنى كۆرستىش ئۈچۈن تىرىلدۈرۈپ بەرگەن :

ئا : ئىبنۇ ئۆمەردىن نەقىل قىلىندىكى ، پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ تەرپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) بەدرى ئازگىلى ئۈستىدە تۇردى ، ۋە : سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ۋەدىسىنىڭ راستلىقىنى بايقىدىڭلارمۇ ؟ دىدى . ئاندىن ئۇ : ئۇلار ھازىر مىنىڭ دەۋاتقىنىمنى ئاڭلىيالايدۇ . دىدى .

[ ئۇنى بۇخارىي ( 3980) ، مۇسلىم( 932) نەقىل قىلغان .]

ب : ئەبۇ تەلھەدىن نەقىل قىلىندىكى ، ئۆمەر مۇنداق دىگەن : " ئى ئاللاھ ئەلچىسى ، سەن نىمىشقا جىنى يوق جەسەتلەرگە گەپ قىلىسەن ؟ " ئاللاھ ئەلچىسى ( ئاللاھنىڭ تەرپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىدى: مۇھەممەدنىڭ جىنى ئۇنىڭ قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەم، سىلەر مىنىڭ نىمە دەۋاتقىنىمنى ئۇلاردىن ياخشىراق ئاڭلىمايسىلەر . قەتادە مۇنداق دىدى : " ئاللاھ ئۇلارنى تىرىلدۈردى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئەيىپلەش ، پەس قىلىش ۋە ئۇلارنى پۇشايمان ۋە نۇمۇس ھىس قىلدۇرۇش يۈزىسىدىن ئۇلارغا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاتتى . "

[ ئۇنى بۇخارىي ( 3976) ، مۇسلىم( 2875) نەقىل قىلغان ]

فەتھۇل بارىي 7 304 كە قاراڭ .

بۇ يەردىكى مۇناسىۋەتلىك نۇقتا : ئاللاھ ئازگال كىشىلىرىگە پەيغەمبىرىنىڭ ( ئاللاھنىڭ تەرپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) سۆزىنى ئۇلارنى خار قىلىش ۋە رەسۋا قىلىش ئۈچۈن ئاڭلاتتى . بىراق بۇ ھەدىيسنى ئۆلۈك ھەرقانداق نەرسىنى ئاڭلايدۇ دىيىشكە دەلىل قىلىش توغرا ئەمەس ، چۈنكى ئۇ ئازگال كىشىلىرىگە خاس . پەقەت بىر قىسىم ئالىملار ئۆلۈكنىڭ سالامنى ئاڭلايدىغانلىقىنى ئۇنىڭدىن مۇستەسنا قىلدى ، لىكن بۇ ئىنىق ، توغرا پاكىتى يىتەرسىز قاراش .

4- ئەڭ توغرا ئالىملارنىڭ قارشىغا ئاساسلانغاندا ، قەبرە ئازابى روھ ۋە بەدەننىڭ ھەر ئىككىلىسىگە بولىدۇ .

ئىسلام پېشىۋاسى ئىبنۇ تەيمىيە مۇنداق دىگەن :

" بۇ ئۈممەتنىڭ پىشقەدەملىرى ( سەلەفلەر) ۋە ئىماملىرىنىڭ قارىشى بولسا ئازاب ياكى راھەت ئۆلۈكنىڭ روھى ۋە بەدىنىگە يۈز بىرىدۇ ، ھەمدە روھ بەدەندىن ئايرىلغاندىن كىيىن راھەتلىنىش ياكى جازالىنىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە بەزى-بەزىدە ئۇ بەدەن

بلەن ئۆچرىشىدۇ . شۇڭلاشقا نېئمەت ياكى ئازاپ ھەم بەدەنگە ھەم روھقا بولىدۇ . " شۇڭا بىز ئاللاھ ئېيتقان نېمىلەرگە
ئىشىنىشىمىز لازىم .

[ ئىختىيارات ئەل فىقھىييە ،94 ــ ب]

ئىبنۇ قەييىم مۇنداق دىگەن :

ئىسلام پېشىۋاسى ئىبنۇ تەيمىيە بۇ ھەقتە سورالدى ، بىز ئۇنىڭ جاۋابىنى تولۇق ئوتتۇرغا قويىمىز :

" ئەھلى سۈننەت ۋە جامائەتنىڭ بىردەك پىكىرىگە ئاساسلانغاندا ، ئازاپ ۋە نېئمەت روھ ۋە بەدەننىڭ ھەر ئىككىلىسىگە بولىدۇ .
روھ بەدەندىن ئايرىم ئازاپلىنىدۇ ياكى نېئمەتلىنىدۇ . بەدەن روھقا ئۇلىنىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەھۋالدا ، نېئمەت ياكى ئازاپ
ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە بولىدۇ . ھەمدە ئۇ بەدەندىن ئايرىم روھقا بولىدۇ.

ئۇممەتنىڭ پىشقەدەملىرى ۋە ئىماملىرىنىڭ مەزھىپى :

بىر ئادەم ئۆلگەندە ،ئۇ نېئمەتلىنىش ياكى ئازاپلىنىش ھالىتىدە بولىدۇ . ھەمدە ئۇ ئۇنىڭ روھى ۋە بەدىنىگە بولىدۇ . روھ
بەدەندىن ئايرىغان چاغدا ئۇ ئازاپلىنىش ياكى نېئمەتلىنىش ھالىتىنى ساقلاپ قالىدۇ . ۋە بەزىدە ئۇ بەدەنگە ئۇلىنىدۇ ، شۇنىڭ
بىلەن ئازاپ ياكى راھەت ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە بولىدۇ . ئاندىن قىيامەت بولغاندا ، روھلار بەدەنلىرىگە قايتۇرلىدۇ ھەمدە
ئۇلار دۇنيالارنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن ئۇچرىششقا قەبرىلىرىدىن قوپىدۇ . بەدەننىڭ قايتا جانلىنىشى بولسا مۇسۇلمانلار ،
يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلارنىڭ ئورتاق قارىشى .

[ روھ 51، 52 _ ب ]

ئالىملار ئۇنى ئۇيقۇدىكى چۈشكە ئوخشىتىدۇ ، چۈنكى ئادەم مىڭىپ ، سەپەر قىلىپ چۈشەيدۇ ھەمدە ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىدا ۋە
مۇشۇ دۇنيادا تۇرۇپ ، ئۇيقۇ ھالەتتە خۇشاللىق ، ياكى خاپىلىق ۋە قايغۇرۇش ھىس قىلىدۇ . شۇڭا بەرزەخ ھاياتىدا
نەرسىلەرنىڭ ھەرخىل بولۇشى ئەقىلگە مۇۋاپىق . ھەمدە ئۇ دۇنيا ھاياتى ۋە ئاخىرەت ھاياتىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدىغان ھايات .

نەۋەۋىي مۇنداق دىگەن :

ئەگەر : " بىز ئۆلۈكنى ۋە ئۇنىڭ قەبرىدىكى ئەھۋالىنى كۆرىمىز ، شۇڭا ئۇ قانداق سۇئال_سوراق قىلىنىدۇ ، ئولتۇرغۇزىلىدۇ ،
ۋەتۆمۈر بازغانلار بىلەن ئۇرىلىدۇ . ھالبۇكى ، ئۇنىڭدا ھىچقانداق ئىز يوق .؟ جاۋاپ شۇكى ، بۇ مۇمكىنسىز ئىش ئەمەس ،
ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار بار ، يەنى ئۇخلىغۇچى خۇشاللىق ياكى ئاغرىق ھىس
قىلىدۇ . لىكىن بىز ھىچنىمىنى تۇيمايمىز . شۇنداقلا بىر ئويغاق ئادەم ئۇ ئاڭلىغان ياكى ئويلىغان ئىشلار تۈپەيلى خۇشاللىق ياكى
خاپىلىق ھىس قىلىدۇ ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كىشىلەر ھىچ نەرسىنى تۇيمايدۇ . ئوخشاشلا ، جەبرائىل پەيغەمبەرنىڭ (
ئاللاھنىڭ تەرپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) قېشىغا كىلەتتى ۋە ئۇنىڭغا ۋەھيىنى سۆزلەيتتى ، قېشىدىكى كىشىلەر ئۇنى
تۇيمايتتى . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېنىق پاكىت .

[ شەرھى مۇسلىم ، 17201 ]

ئىسلام پېشىۋاسى ئىبنۇ تەيمىيە مۇنداق دىگەن :

" ئۇخلىغۇچى ئۇيقۇسىدا لەززەت ۋە ئەلەم ھىس قىلىدۇ ھەمدە ئۇ روھ ۋە بەدەننىڭ ھەر ئىككىلىسىدە بولىدۇ . ھەتتا ئۇ مەلۇم

بىرسىنىڭ ئۇنى ئۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەيدۇ ۋە بەدىنىدە ئاغرىق بىلەن ئويغىنىدۇ . ياكى ئۇ ياخشى يىمەكلىكلەر بىلەن بىقىلىپ چۈشەيدۇ . ئاندىن ئۇ ئىغىزىدا ئۇنىڭ تەمى بار ھالدا ئويغىنىدۇ . بۇ ھەقىقەتەن مەۋجۇت . ئۇخلىغۇچى ئۇ ئۆزى ھىس قىلىدىغان ، يىنىدىكىلەر ھىس قىلمايدىغان نىئمەت ۋە ئازابنى بەدىنى ۋە روھى ھىس قىلسا ھەتتا ئەلەم ياكى قورقۇنچنىڭ قاتتىقلىقىدىن ۋاقىراپ تاشلىسا ، ئويغاق كىشى ئۇنىڭ ۋاقىرغىنىنى ئاڭلايدۇ . ئۇ قۇرئان ، ياكى زىكرى ، ياكى جاۋاپ بىلەن سۆز قىلىدۇ ، ئويغاق كىشى ئۇنى ئاڭلايدۇ ، گەرچە ئۇخلىغۇچىنىڭ كۆزى يۇمۇق بولسىمۇ . ئۇلار ئۇنىڭغا سۆز قىلسا ئۇنى ئاڭلىمايدۇ .

ئۇنداقتا بىز قانداقسىگە قەبرىگە كۆمۈلگەن ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى ئىنكار قىلالايمىز ، پەيغەمبەر : ئۇ ئۇلارنىڭ كەشىنىڭ تىۋشىنى ئاڭلايدۇ . ، سىلەر سۆزۈمنى ئۇلاردىن ياخشىراق ئاڭلىمايسىلەر دىگەن تۇرسا ؟

يۈرەك قەبرىگە ئوخشايدۇ ، شۇڭا پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ تەرپىلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) خەندەك كۈنى ئەسىر نامىزى قازا بولۇپ كەتكەندە ، : ئاللاھ ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى ۋە قەبرىلىرىنى ئوتقا تولدۇرسۇن . دىگەن ، ھەمدە مۇنۇ ئايەتتە ئۇ ئىككىسى ئايرىلغان : قەبرىلەردىكى نەرسىلەر سىرىتقا چىقىرىلغاندا . يۈرەكلەردىكى نەرسىلەر ئاشكارا قىلىنغاندا . بۇ پەقەت يۈز بەرگۈسى نەرسىنى بايان قىلىش خالاس .

بىز ئۆلۈك ئۇچرايدىغان ئازاپ ياكى نىئمەت ،ئۇخلىغۇچى چۈش كۆرگەندە ئۇچرايدىغان نەرسىگە ئوخشايدۇ دىيەلمەيمىز . بەلكى ئۇ ئازاپ ياكى نىئمەت تىخىمۇ تولۇق ۋە تىخىمۇ ۋايىغا يەتكەن ھەمدە ئۇ ھەقىقىي نىئمەت ۋە ھەقىقىي ئازاپ . بىراق بۇ مىسال ئۇنىڭ مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىرىلىدۇ . ئەگەر بىر كىشى : " ئۆلۈك قەبرىسىدە ھەركەت قىلمايدۇ ، توپا ئۆزگەرمەيدۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش گەپلەرنى قىلسا ، بۇ مەسىلە تىخىمۇ تەپسىلىي چۈشەندۈرلىشى مۇمكىن . بىراق ئۇنى بۇ يەردە چۈشەندۈرۈشكە بەك ئۇزۇن گەپ كىتىدۇ . ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ. ئاللاھ مۇھەممەدنى ، ئۇنىڭ ئائىلە كىشىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى تەرپىلىسۇن ۋە ئامان قىلسۇن ."

[ فەتىۋالار توپلىمى ، 4275، 276 ]

ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .

پىشىۋا مۇھەممەد سالىھ مۇنەججىد